## 98647 ـ 12 سائەتتە بىر ئالمىشىپ ئىشلەيدىغان كىشى پېشىن بىلەن ئەسىرنى جۇغلاپ ئوقۇسا بولامدۇ؟

### سۇئال

مەن سەئۇدىيدىكى ئارامكو شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى، ھەرەز رايونىدا  نۆۋەتچىلىك سىستېمىسىدا خىزمەت قىلىمەن، كۈندىلىك خىزمىتىم ئون ئىككى سائەت بولۇپ، ھەپتىدە يەتتە كۈن خىزمەت قىلىمەن، كەچ سائەت ئالتىدىن ئەتتىگەن سائەت ئالتىگىچە ئىشلەيمەن، پېشىنى بىلەن ئەسىرنى ئۆز ۋاقتىدا جامائەت بىلەن ئادا قىلىشتا بەك قىيىنچىلىققا ئۇچرايمەن، بىزگە پېشىن بىلەن ئەسىرنى جۇغلاپ ئوقۇش دۇرۇس بولامدۇ؟، مەن ئەسلىدە جىددىدا تۇرىمەن، ھەرەزگە پەقەت خىزمەت ئۈچۈن بارىمەن، ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا جىددىغا قايتىمەن، نامازنى ۋاقتىدا ئادا قىلىش ئۈچۈن ئويغىنىشقا تىرىشىمەن، لېكىن كۆپ ۋاقىتتا نامازنى جامائەت بىلەن ئادا قىلىشقا ئۈلگۈرەلمەيمەن؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بىرىنچى: خىزمەتچىلەر بولسۇن ياكى باشقا كىشىلەر بولسۇن ھەممەيلەنگە نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىش ۋاجىب بولىدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: إِنَّ الصَّلَاةَ كَانَتْ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ كِتَابًا مَوْقُوتًا تەرجىمىسى: «شۈبھىسىزكى، ناماز مۆمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن (پەرز) پەرز قىلىندى» [سۈرە نىسا 103-ئايەت].

ئاللاھ تائالا دۇنيا ئىشلىرى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن مەشغۇل قىلىپ قويمىغان مۇئمىنلەرنى ماختاپ مۇنداق دېدى: رِجَالٌ لا تُلْهِيهِمْ تِجَارَةٌ وَلا بَيْعٌ عَنْ ذِكْرِ اللَّهِ وَإِقَامِ الصَّلاةِ وَإِيتَاءِ الزَّكَاةِ يَخَافُونَ يَوْماً تَتَقَلَّبُ فِيهِ الْقُلُوبُ وَالأَبْصَارُ * لِيَجْزِيَهُمُ اللَّهُ أَحْسَنَ مَا عَمِلُوا وَيَزِيدَهُمْ مِنْ فَضْلِهِ وَاللَّهُ يَرْزُقُ مَنْ يَشَاءُ بِغَيْرِ حِسَابٍ تەرجىمىسى: « ئۇلار شۇنداق ئەرلەركى، سودا ـ سېتىق ئۇلارنى ئاللاھنى زىكىر قىلىشتىن، ناماز ئۆتەشتىن، زاكات بېرىشتىن غەپلەتتە قالدۇرمايدۇ، ئۇلار دىللار ۋە كۆزلەر قالايمىقانلىشىپ كېتىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) دىن قورقىدۇ، ئاللاھنى ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىگە مۇكاپات بەرسۇن ۋە ئۆزىنىڭ پەزلىدىن ئاشۇرۇپ بەرسۇن دەپ (ئۇلار شۇنداق ئىبادەتلەرنى قىلىدۇ). ئاللاھ خالىغان ئادەمگە ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ» [سۈرە نۇر 37-38-ئايەتلەر].

سىزنىڭ ناماز ۋاقتىدا ئويغىنىشىڭىز ۋاجىب بولىدۇ، شۇنىڭغا ياردەم بېرىدىغان سەۋەبلەرنى قىلىڭ، سىز نامازنى جامائەت بىلەن ئادا قىلىمەن دەپ ۋاقتىدا ئويغىنىشقا تىرىشىپ ۋە مۇناسىۋەتلىك سەۋەبلەرنى قىلىپ، بەزى ۋاقىتتا ئويغىنالمىسىڭىز، سىزگە گۇناھ بولمايدۇ.

ئىككىنچى: ئەگەر سىز باشقا يۇرتقا سەپەر قىلىپ، ئۇ يەردە تۆت كۈندىن ئارتۇق تۇرۇشنى مەقسەت قىلسىڭىز، مۇقىمنىڭ

ھۆكمىدە بولسىز، ئۇ ۋاقىتتا نامازنى تولۇق ئادا قىلىشىڭىز كېرەك بولىدۇ. سەپەر ئۈچۈن ئىككى نامازنىڭ ئارىسىنى جۇغلاش توغرا بولمايدۇ، لېكىن نامازنى جۇغلاپ ئوقۇش سەپەرگە خاس بولمايدۇ، بەلكى كېسەل، يامغۇر، قىيىنچىلىق دېگەندەك ئۆزۈرلەر بىلەنمۇ دۇرۇس بولىدۇ. بۇ ھەقتە تەپسىلاتى مەلۇمات ئۈچۈن 38079 ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

مۇشۇنىڭغا ئاساسەن: سىزدە ئۇخلىسام پېشىن نامىزىغا ھەرگىز ئويغۇنالمايمەن دەيدىغان گۇمان كۈچلۈك بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئويغىنىش بەك قىيىن بولسا، پېشىننى كېچىكتۈرۈپ ئەسىر نامىزى بىلەن بىرگە جۇغلاپ جەمئى تەخىر قىلىپ ئوقۇسىڭىز بولىدۇ، بۇ پەقەت مۇشەققەت ھاسىل بولغاندا بولىدۇ، مۇشەققەت بولسۇن ياكى بولمىسۇن بۇنى دائىملىق ئادەت قىلىۋالسىڭىز دۇرۇس بولمايدۇ".

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلىدۇ.